# ئۇچقۇن بۇ جايدا دەسلەپ يالقۇنجىغان

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يۇياڭلىغا تەخمىنەن ئىككى كىلومېتىر كېلىدىغان جايدىكى «پۇدېلى» دەپ ئاتىلىدىغان كونا شىكۇمېن ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەت جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 2 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلغان جاي خاتىرە سارىيى تۇرۇشلۇق ئورۇن. ئۇنىڭ يەنە بىر «سالاھىيىتى» بار، ئۇ بولسىمۇ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1 ـ قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى لى دانىڭ تۇرالغۇسى، ھەمدە بۇ جايدا پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق نەشرىياتى، ئاۋام قىزلار مەكتىپى قاتارلىقلار ئىش بېجىرگەن، «كوممۇنىستىك پارتىيە» ئايلىق ژۇرنىلى بۇ جايدا تەھرىرلەنگەن، تۇنجى پارتىيە نىزامنامىسى مۇشۇ جايدا دۇنياغا كەلگەن... پارتىيە ئىشلىرى تېخىمۇ كەڭ زېمىنغا قاراپ يۈزلەنگەن.

بۈگۈنكى كۈندە، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلغان جاي رېمونت قىلىنىۋاتىدۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1 ـ قۇرۇلتىيى خاتىرە سارىيى تېز قۇرۇلۇۋاتىدۇ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 2 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلغان جاي خاتىرە سارىيىمۇ ئىچكى قىسىمدىكى كۆرگەزمىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى چىڭ تۇتۇپ تېزلىتىۋاتىدۇ، بۇ سارايلارنىڭ ھەممىسى بۇ يىل «1 ـ ئىيۇل»دىن ئىلگىرى يېڭى قىياپەتتە ئېچىۋېتىلىپ، قىزىل تارىخنى بايان قىلىدۇ.

«شاڭخەينىڭ چوڭ ـ كىچىك كوچىلىرىنى سەيلە قىلسىڭىز، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخىدىكى نۇرغۇن ‹بىرىنچى›لەرنى كۆرىسىز.» جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شاڭخەي شەھەرلىك پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى شۇ جيەنگاڭ مۇنداق دېدى: بۇ شەھەر جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن ھازىرقى زامان پرولېتارىيات سىياسىي پارتىيەسىنى ئىنقىلابىي ھەرىكەتكە رەھبەرلىك قىلىشتىكى تۈرلۈك شارائىت بىلەن تەمىنلىگەن، ئۇ ئەسلىي مەقسەت بارلىققا كەلگەن جاي، شەرەپلىك شەھەر.

شاڭخەي شەھىرىنىڭ ئەڭ يېڭى قايتا تەكشۈرۈش ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، شاڭخەيدە ھازىر 1919 ـ يىلىدىكى 4 ـ ماي ھەرىكىتىدىن 1949 ـ يىلى شاڭخەي ئازاد قىلىنغىچە بولغان مەزگىلدىكى تۈرلۈك قىزىل بايلىقتىن 612سى ساقلانغان، بۇ كونا ئورۇن، يادىكارلىقتىن 497نى، خاتىرە ئەسلىھەسىدىن 115نى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن.

ئاۋات، قايناق ـ تاشقىنلىققا تولغان كوچىلاردا بۇ قىزىل يەر بەلگىلىرى جىمجىت قەد كۆتۈرگەن بولۇپ، 100 يىل ئىلگىرىكى ئىلغار ياشلارنىڭ تەپەككۇرى ۋە چۇقانلىرى خاتىرىلەنگەن، شۇنداقلا يەنە ھازىرقى كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان تەرەققىياتقا گۇۋاھ بولماقتا: فۇدەن داشۆ «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» كۆرگەزمە سارىيىدا، «ئۇچقۇن» دەپ نام بېرىلگەن بىر پارتىيە ئەزالىرى پىدائىيلار مۇلازىمەت ئەترىتى خىتابنامە ھېكايىسىنى سۆزلەپ چۈشەندۈرمەكتە، خىتابنامە روھىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتمەكتە؛ 2019 ـ يىلىدىن باشلاپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 1 ـ قۇرۇلتىيى ئېچىلغان جاي خاتىرە سارىيى «1 ـ قۇرۇلتاينى سۆزلەش: 2000 ـ يىللاردا تۇغۇلغانلارنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى ھېكايىسىنى ئاڭلاش» ئوتتۇرا ـ باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى تەتقىقات ـ ئۆگىنىش پائالىيىتىنى يولغا قويۇپ، «ئوماق ئۆسمۈرلەر»گە ئۆزلىرى ئۆگەنگەن پارتىيە قۇرۇلۇشى ھېكايىلىرىنى گۈدەك، سەبىي ئاۋاز بىلەن بايان قىلغۇزدى...

شاڭخەيدە، قىزىل تارىخ كونا ئىمارەتلەردىن «چىقىپ»، شەھەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىغا سىڭىپ كەتتى.

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، شاڭخەي، 1 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئىككىنچىدىن، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ سىجىل مۇقىم، ئۇزاققىچە مۇقىم بولۇشىنى ساقلاش كېرەك. سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇنچىلىق روھىنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىرىكمە مۇشتنى ياخشى ئېتىپ، پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ساقچى، بىڭتۇەن، خەلق ماسلىشىپ بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىپ، ئورتاق قۇرىدىغان، ئورتاق ئىدارە قىلىدىغان، ئورتاق بەھرىلىنىدىغان جەمئىيەت ئىدارە قىلىش ئەندىزىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچىدىن، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا سىجىل تۈرتكە بولۇش كېرەك. تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي لىنىيەدە چىڭ تۇرۇپ، كەسىپلەرنىڭ تىپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، 1 ـ، 2 ـ، 3 ـ كەسىپنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەرنى زورايتىپ، ئىستېمالنى ئومۇميۈزلۈك كېڭەيتىپ، مەبلەغ سېلىش بوشلۇقىنى كېڭەيتىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇشنى تېزلىتىپ، رايونلارنىڭ ماس تەرەققىياتى ۋە شەھەر، يېزىلارنىڭ يۇغۇرما تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىشقا كۈچ قوشۇش كېرەك.

تۆتىنچىدىن، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈش بىلەن ئۈنۈملۈك جىپسىلاشتۇرۇش كېرەك. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كېڭەيتىپ، «تۆتنى توختاتماسلىق» تەلىپىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆتكۈنچى مەزگىلدە تۈرلۈك سىياسەتلەرنىڭ سىلىق، مۇقىم ئۆتۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ھەرىكەت ھالىتىدە كۆزىتىش ـ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، كەسىپلەرنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشقا ئورۇنلىشىش، كىرىمنى ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، يېقىن ئەتراپتا، ئۆز جايىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بىلەن تەرتىپلىك يۆتكەپ سىرتقا چىقىرىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى تىرىشىپ كۈچەيتىپ، بايلىقنى مەركەزلەشتۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى قوللاشتىن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشقا سىلىق، مۇقىم ئۆتۈشنى تەدرىجىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

بەشىنچىدىن، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە ياخشىلاشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇش كېرەك. خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان ئون تۈرلۈك قۇرۇلۇشنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، ئامما ئالدىراۋاتقان، قىيىنىلىۋاتقان، ئەنسىرەۋاتقان، تەقەززا بولۇۋاتقان مەسىلىلەرنى چىن قەلب، چىن ھېسسىيات، پۈتۈن كۈچ بىلەن ھەل قىلىپ، تىرىشىپ ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسىنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ئاشۇرۇش، بەخت تۇيغۇسىنى تېخىمۇ ئىمكانىيەتلىك سىجىل قىلىش، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى تېخىمۇ كاپالەتكە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئالتىنچىدىن، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىش كېرەك. بىخەتەر تەرەققىيات ئىدىيەسىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپلىرىنى ئومۇميۈزلۈك رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، تۈزىتىشنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، بىخەتەرلىكنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، جىددىي ئەھۋالغا تاقابىل تۇرۇش بويىچە قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، تەشۋىق ـ تەربىيەنى كۈچەيتىپ، باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى پۇختىلاپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يەتتىنچىدىن، مەسئۇلىيەتنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. ھەقىقىي تۇتۇپ ئەمەلىي ئىشلەش، باش چۆكۈرۈپ جاپاغا چىداپ ئىشلەشتە چىڭ تۇرۇپ، راستچىل، ئەمەلىيەتچىل بولۇش ئىستىلىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، شەكىلۋازلىق، بىيۇروكراتلىقنىڭ قەتئىي ئالدىنى ئېلىپ، ئىستىلنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتا ئۇزاققىچە چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىپ ئۈنۈم بېرىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا يەنە ئاپتونوم رايوننىڭ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى ئىلغار شەخس، ئىلغار كوللېكتىپقا كۆرسىتىلىدىغان ئوبيېكتلار ئىسىملىكى تەتقىق قىلىنىپ قاراپ چىقىلدى.

شۆھرەت زاكىر، نۇرلان ئەبىلمەجىن، لى پېڭشىن، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى.

**3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى**
**تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى**

# لېكسىيە دەرسخانىسى چېلانلىققا كۆچۈرۈلدى

**لېكسىيەنى ئاساسىي قاتلامغا يەتكۈزۈش، نەزەرىيەنى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزۈش**

□ **ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى سۇڭ ۋېيگو، ئىختىيارىي مۇخبىر چېن شۆرۇ**

«3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا شىنجاڭنىڭ خاس، ئەۋزەل كەسىپلىرىنى يېتىلدۈرۈپ، زورايتىپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ يىل بىز يەنە ئورگاننىڭ چېلاننى داۋاملىق ياخشى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك...» 1 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى چەرچەن ناھىيەسى توغراقلىق يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، رېۋزىيە ئىشخانىسىنىڭ مۇدىرى يەن لۇڭفېي بۇ يېزىنىڭ توغراقلىق كەنتىدە ئۆزگىچە لېكسىيە سۆزلىدى، لېكسىيە دەرسخانىسى كەنت ئاھالىسى ئوسمان ئەبەيىنىڭ چېلانلىقىدا تەسىس قىلىندى.

يەن لۇڭفېي يېنىدا ئايرىم ـ ئايرىم «3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش» (پارتىيە ئەزالىرى ئوقۇشلۇقى)، «3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش» (ئامما ئوقۇشلۇقى)دىن ئىبارەت ئىككى كىتابنى ئېلىپ يۈرۈيدۇ.

«ھازىر دەل چېلان دەرىخىگە توپا يۆلەيدىغان، ئۇنى ھاكالايدىغان پەسىل، بىز ھەم ياخشى لېكسىيەچى بولۇشىمىز، ھەم چېلان ئۆستۈرۈشكە تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشىمىز كېرەك، مانا بۇ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىغا ئۇيغۇن.» يەن لۇڭفېي ئوسماننىڭ چېلانلىرىغا توپا يۆلەش، ئۇنى ھاكالاش ئارىلىقىدىكى ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ لېكسىيە سۆزلىدى.

«بىز 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئىگىلىدۇق، لېكسىيە ئۆمىكىدىكى كادىرلار يەنە ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرىمىزغا ياردەملەشتى، بىز بۇنىڭغا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز، بۇ خىل لېكسىيە سۆزلەش ئۇسۇلى ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن!» دېدى ئوسمان.

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن لېكسىيە سۆزلەش خىزمىتى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، چەرچەن ناھىيەسىدە رەھبەرلەر، ھۆددىگە ئېلىش ـ ئالاقىلىشىش كادىرلىرى، پارتىيەلىك كادىرلار، «پۇقرا لېكسىيەچى»لەر قاتارلىق 70تىن ئارتۇق كىشىدىن تەشكىللەنگەن لېكسىيە ئۆمىكى يىغىن زالىدىن چىقىپ، ئېتىز ـ ئېرىق باشلىرى، چوڭ ـ كىچىك كوچىلارغا چوڭقۇر چۆكۈپ، ھەرقايسى يېزا، بازار، كەنتلەردىكى كادىرلار، ئامما بىلەن پاراڭلىشىپ، ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە مۇڭدىشىپ، كىچىك ئىشلاردىن باشلاپ سۆزلەپ، ھەر خىل ئۆزگىرىشلەردىن باشلاپ سۆزلەپ، كادىرلار، ئاممىغا 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيانقى غايەت زور ئۆزگىرىشلەرنى چوڭقۇر ھېس قىلدۇردى، كەڭ ئاممىنى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى قەلبىگە سىڭدۈرۈپ، ھەرىكەتتە كۆرسىتىپ، ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن تېخىمۇ بەختلىك گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا يېتەكلىدى.

ھازىرغىچە، چەرچەن ناھىيەسى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش بويىچە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى جەمئىي 270 مەيداندىن ئارتۇق قانات يايدۇردى. پۈتۈن ناھىيەدىكى ھەر دەرىجىلىك لېكسىيە ئۆمەكلىرى، پارتىيەلىك كادىرلار مەركەزلىك ئۆگىنىشكە تەشكىللەش، «ئۈچ يىغىن، بىر دەرس»نى قانات يايدۇرۇش، ئائىلىلەرگە كىرىپ، ئېتىز ـ ئېرىق باشلىرىغا چوڭقۇر چۆكۈپ لېكسىيە سۆزلەش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق، ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا كۆپ خىللاشقان، ھەر تەرەپلىمە لېكسىيە سۆزلەپ، ئۈن ـ تىنسىز تەسىر كۆرسىتىش داۋامىدا ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىغا بولغان چۈشىنىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇردى.

«ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، بىز 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىشىمىز كېرەك. پۈتۈن ناھىيەدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك رەھبىرىي كادىرلار باشلامچىلىق بىلەن ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈپ، باشلامچىلىق بىلەن تونۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، باشلامچىلىق بىلەن تەشۋىق قىلىپ، لېكسىيە سۆزلەپ، باشلامچىلىق بىلەن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، باشلامچىلىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى، شۇنىڭ بىلەن بىللە ئاساسىي قاتلامدىكى ھەرقايسى كۈچلەرنى قوزغىتىپ، ھەر خىل شەكىل، ھەر خىل ۋاسىتە ئارقىلىق لېكسىيە سۆزلەشنى قانات يايدۇرۇپ، بىرمۇ ئائىلىنى چۈشۈرۈپ قويماسلىق، بىرمۇ ئادەمنى قالدۇرۇپ قويماسلىقنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئىنتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن چەرچەن كۈچىنى قوشۇشى كېرەك» دېدى چەرچەن ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى چيەن شياۋدۇڭ.

# بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىزدا 6 مىليون 210 مىڭ ئادەم قېتىمدىن ئارتۇق ئوقۇغۇچى ئىقتىسادىي ياردەمگە ئېرىشتى

ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **جاۋ شيانىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق مائارىپ نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇلتۇر، ئاپتونوم رايونىمىز ھەر دەرىجىلىك، تۈرلۈك مەكتەپلەردىكى ئوقۇغۇچىلارغا 7 مىليارد 773 مىليون يۈەن ئىقتىسادىي ياردەم مەبلىغى ئاجراتقان، بۇنىڭدىن 6 مىليون 216 مىڭ 900 ئادەم قېتىم ئوقۇغۇچى نەپكە ئېرىشكەن.

بۇلتۇر، ئاپتونوم رايونلۇق ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش مەركىزى مەبلەغنى ئالدىن ئاجرىتىش مېخانىزمى ئورنىتىپ، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنى ئىقتىسادىي ياردەم بىلەن تولۇق قاپلاشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ئىقتىسادىي ياردەم سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھۆكۈمەت، جەمئىيەت، مەكتەپ قاتارلىقلارنىڭ تۈرلۈك ئىقتىسادىي ياردەم تۈرى ۋە مەبلىغىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ياردەم بېرىشكە تېگىشلىكلىرىگە تولۇق ياردەم بېرىش»كە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، بىرمۇ ئوقۇغۇچىنى ئائىلىسىدىكى ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئوقۇشسىز قويمىدى. بۇنىڭ ئىچىدە، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار 2465 ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى مەكتەپكە كىرىش، رويخەتكە ئالدۇرۇش رەسمىيىتىنى «يېشىل يول» ئارقىلىق بېجىرىپ، 8 مىليون 900 مىڭ يۈەن ئوقۇش پۇلى ۋە ياتاق پۇلىنى كېچىكتۈرۈپ تاپشۇردى.

ئىگىلىنىشچە، نۆۋەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە «كەچۈرۈم قىلىش، مۇكاپاتلاش، ياردەم بېرىش، قەرز بېرىش، ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش»تىن ئىبارەت كۆپ بىر گەۋدە قىلىنغان ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سىياسەت سىستېمىسى شەكىللىنىپ، مائارىپ باسقۇچىنى تولۇق قاپلاش، ھۆكۈمەت باشقۇرۇشىدىكى، پۇقرالار باشقۇرۇشىدىكى مەكتەپلەرنى تولۇق قاپلاش، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارنى تولۇق قاپلاشتىن ئىبارەت «ئۈچنى تولۇق قاپلاش» ئىشقا ئاشۇرۇلغان. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى «تۆتنى توختاتماسلىق» تەلىپى بويىچە، بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن قاتارلىق ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلار نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن، داۋاملىق مۇناسىپ ئىقتىسادىي ياردەم سىياسىتىدىن بەھرىمەن بولىدىكەن.

# 38 تۈرلۈك دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش تۈرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىن چىقىم قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈلدى

ئانار بولۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لى چۈنشيا** خەۋەر قىلىدۇ: سۇغۇرتىلانغۇچىلارنىڭ ئاساسىي داۋالىنىش كاپالىتى سەۋىيەسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، شەخسىي داۋالىنىش خىراجىتى يۈكىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن، يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسى، ئاپتونوم رايونلۇق مالىيە نازارىتى، بىڭتۇەن داۋالىنىش كاپالىتى ئىدارىسى، بىڭتۇەن مالىيە ئىدارىسى بىرلىكتە «ئۆت راكىنى يىلتىزىدىن داۋالاش ئوپېراتسىيەسى قاتارلىق 38 تۈرلۈك دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش تۈرىنى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىن چىقىم قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈش ھەم ئالاقىدار ئىشلار توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «ئۇقتۇرۇش» دېيىلدى)نى تارقىتىپ، ئۆت راكىنى يىلتىزىدىن داۋالاش ئوپېراتسىيەسى قاتارلىق 38 تۈرلۈك دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش تۈرىنى ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىن چىقىم قىلىش دائىرىسىگە كىرگۈزدى.

«ئۇقتۇرۇش»تا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ئۆت راكىنى يىلتىزىدىن داۋالاش ئوپېراتسىيەسى قاتارلىق 38 تۈرلۈك دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش تۈرىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ داۋالاش مۇلازىمىتى باھا ئۆلچىمى (2017 ـ يىللىق نۇسخىسى)»دىكى بەلگىلىمىلەر قاتتىق ئىجرا قىلىنىدۇ، تۈرنىڭ ماھىيەتلىك مەزمۇنى، چىقىمغا چەك قويۇش دائىرىسى، ئۇپرىما ماتېرىيال چىقىم ئۆلچىمى توغرىسىدىكى بەلگىلىمە قاتارلىقلاردىن ھالقىپ كەتسە، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى فوندىدىن چىقىم قىلىنمايدۇ. ھەرقايسى بىرتۇتاش غەملىنىدىغان رايونلاردىكى داۋالىنىش كاپالىتى تارماقلىرى بەلگىلەنگەن چىقىم قىلىش دائىرىسى ۋە ئۇپرىما ماتېرىيال چىقىم ئۆلچىمى ئىچىدە، ئۆز جايىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسىدىن چىقىم قىلىش سىياسىتى بويىچە ئىجرا قىلىدۇ ھەم بەلگىلەنگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرىغا داۋالىنىش سۇغۇرتىسى سىستېمىسىدىن يېڭىلانغان دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش تۈر مۇندەرىجىسىگە ئېرىشىشنى ۋاقتىدا ئۇقتۇرۇپ، سۇغۇرتىلانغۇچىلارنىڭ تەمىناتتىن ۋاقتىدا بەھرىمەن بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ.

ئىگىلىنىشچە، ئاپتونوم رايونىمىز 38 تۈرلۈك دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش تۈرى ئىچىدىكى قىسمەن تۈرلەرگە قارىتا ئۇپرىما ماتېرىيال چىقىم ئۆلچىمىگە چەك قويۇش، چىقىم قىلىش دائىرىسىگە چەك قويۇش سىياسىتىنى يولغا قويغان، مەسىلەن، «تۇغما داس سۆڭىكى چىقىپ كېتىشنى كېسىپ ئېچىپ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ گىپس ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇش ئوپېراتسىيەسى» قاتارلىق سەككىز تۈرلۈك دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش تۈرىگە قارىتا چىقىم قىلىش دائىرىسىگە چەك قويغان، «ئوقۇرەك ئاستى ئارتېرىيەسىگە كۆۋرۈك سېلىش ئوپېراتسىيەسى» قاتارلىق ئۈچ تۈرلۈك دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش تۈرىدىكى ئۇپرىما ماتېرىيال چىقىم ئۆلچىمىگە چەك قويغان، ھەرقايسى بېكىتىلگەن داۋالاش ئاپپاراتلىرى تەننەرخنى ئاكتىپ، تەشەببۇسكار ھالدا كونترول قىلىپ، سۇغۇرتىلانغۇچىلارنىڭ يۈكىنى ئەڭ زور چەكتە تۆۋەنلىتىدىكەن.